# سەببەھسىمە، ۋەششەمسى، ۋەللەيلى سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بەرسەڭچۇ! چۈنكى ئارقاڭدا ياشانغان، ئاجىز ئالدىراش كىشلەر بار، دېگەن

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دىگەن، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەسۇلۇللاھ بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىللە ئوقۇپ مەھەللىسىگە قايتقاندا كىشلەرگە ئىمام بولۇپ يەنە قايتا ناماز ئوقۇپ بىرەتتى.
يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازغا: سەببەھسىمە، ۋەششەمسى، ۋەللەيلى سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بەرسەڭچۇ! چۈنكى ئارقاڭدا ياشانغان، ئاجىز ئالدىراش كىشلەر بار، دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ جامائىتى بولغان بەنى سەلەمە جەمەتىنىڭ ئۆيلىرى مەدىنە سىرتىدا ئىدى، مۇئاز ساۋابلىق ئىشلارغا ناھايىتى ھېرىسمەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئۈگۈنۈش مەقسىتىدە ۋە رەسۇلۇللاھنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشقا بەك ھېرىسمەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پەرز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شۇ نامازنىڭ ئۆزىنى قەمىگە ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بىرەتتى. مۇئاز نەپلە ئوقۇغان، قەۋمى بولسا پەرز ئوقۇغان ئاساستا بولاتتى، بۇ ۋەقەلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلىپ توغرا سانىغان ئىدى. لېكىن ئۇ بىر قېتىملىق نامازدا قىرائەتنى ئۇزۇن ئوقۇدى، ئىسلام شەرىئىتى قولايلىق، كەڭرىچىلىك ۋە ئاسايىشلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، چۈنكى جاپا-مۇشەققەت، ئېغىرچىلىق ئىنسانىنى نەپرەتلەندۈرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازنىڭ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشىدىن خەۋەردار بولغاندا مۇئازنى نامازدا قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇشقا بۇيرۇپ ئورتاھال سۈرىلەردىن ئوقۇشنى مىسال ئېلىپ بەردى، سەببەھسىمە، ۋەششەمسى، ۋەللەيلى دەك سۈرىلەر، چۈنكى جامائەت ئىچىدە ياشانغان، ئاجىز، ئېھتىياج ئىگىلىرى بار، ئۇلارغا نامازدا ئۇزۇن تۇرۇش قىيىن كىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن نامازنى قىسقا ئوقۇش كېرەك، ئەمما يالغۇز ئوقۇغان كىشى قانچە ئۇزۇن ئوقۇسا ئۇ دۇرۇس. «قۇرئان سۈرىلىرى ئۇزۇن مۇپەسسەل، سۈرە ھۇجراتتىن سۈرە ئەممىگىچە، ئورتاھال مۇپەسسەل، سۈرە ئەممەدىن سۈرە ۋەززۇھاغىچە قىسقا مۇپەسسەل سۈرە ۋەززۇھادىن سۈرە ناسقىچە دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ»

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5392

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee